ئوگ . ماندىنو (ئامېرىكا)

# دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ
# بىر سائەتلىك دەرس



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئوگ. ماندىنو (ئامېرىكا)

# دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ بىر سائەتلىك دەرس

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

世界上最伟大的一堂课/阿布力米提译。—乌鲁木齐：新疆人民出版社，2003.12（2007.6 重印）
ISBN 978—7—228—06851—7

Ⅰ．世… Ⅱ．阿… Ⅲ．儿童文学—故事—依品集：—世界．维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ．118

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2003) 第 123991 号

| | |
|---|---|
| **译　　者** | 阿布力米提 |
| **责任编辑** | 哈德尔·哈吾孜 |
| **责任校对** | 阿依古丽·沙吾提 |
| **封面设计** | 米尔扎提·阿不都拉·塔吉 |
| **出版发行** | 新疆人民出版社 |
| **电　　话** | (0991)2827472 |
| **地　　址** | 乌鲁木齐市解放南路 348 号 |
| **邮政编码** | 830001 |
| **印　　刷** | 新疆金版印务有限公司 |
| **经　　销** | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| **开　　本** | 880×1230 毫米 1/32 |
| **印　　张** | 7.25 |
| **版　　次** | 2005 年 4 月第 1 版 |
| **印　　次** | 2007 年 6 月第 2 次印刷 |
| **印　　数** | 3200—6200 册 |
| **书　　号** | ISBN 978—7—228—06851—7 |
| **定　　价** | 15.00 元 |

بۇ كىتاب يەنبيەن خەلق نەشرىياتىنىڭ 2002 - يىلى 4 - ئاي 1 - نەشرى، 2002 - يىلى 4 - ئاي 1 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据延边出版社 2002 年 4 月第 1 版，2002 年 4 月第 1 次印刷本翻译出版。

# دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ بىر سائەتلىك دەرس

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابلىمىت
مەسئۇل مۇھەررىرى: قادىر قاۋۇز
مەسئۇل كوررېكتورى: ئايگۈل ساۋۇت
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: مىرزات ئابدۇللا تاجى
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
تېلېفون: 0991—2827472
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830001
باسقۇچى: شىنجاڭ جىنبەن مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى: 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 7.25
نەشرى: 2005 - يىلى 4 - ئاي 1 - نەشرى
باسمىسى: 2007 - يىلى 6 - ئاي 2 - بېسىلىشى
تىراژى: 3200—6200
كىتاب نومۇرى: ISBN 978—7—228—06851—7
باھاسى: 15.00 يۈەن

ئوگ. ماندىنو (ئامېرىكا)

بۇ كىتابنىڭ ئەسلى نۇسخىسى بازارغا سېلىنىش بىلەنلا
20 مىليون پارچىدىن ئارتۇق سېتىلىپ، پۈتۈن دۇنيا
مىقياسىدا كۈچلۈك زىلزىلە پەيدا قىلغان.

# دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ بىر سائەتلىك دەرس

تارىختىن بۇيانقى باشقۇرۇش، رەھبەرلىك قىلىش، كوللېكتىۋىزملىق
توغرىسىدا كىشىلەرگە ئەڭ زور ئىلھام بېرىدىغان
مۆلاھىزىلىك ھېكايىلەر

试读结束：需要全本请在线购买： www.ertongbook.com

بۇ كىتاب نەشر قىلىنىشى بىلەنلا نۇرغۇنلىغان كارخانىچى، ئالىم ۋەكەسپىي دىرېكتورلارنىڭ قولىدىن چۈشۈرمەيدىغان زۆرۈر ئوقۇشلۇقىغا ئايلاندى.

كوكا كولا، IBM، INTEL، GE ۋە فورد قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن دۇنياۋى شىركەتلەر بۇ كىتابقا كۈچلۈك ئىنكاس قايتۇردى.

بۇ، كىشىنى بىر قېتىمدىلا ئوقۇپ تۈگىتىشۋېتىشكە ئىنتىزار قىلىدىغان بىر كىتاب بولۇپ، ئەگەر بىر ئۆمۈر پۇشايمانغا قالماي دېسىڭىز، ئۇنىڭغا يوشۇرۇنغان هاياتلىق دۇردانىلىرىدىن بەهرە ئالغايسىز.
— نېس شىركىتىنىڭ باش لىدىرى: جوج. ۋېيلېر

مەن بۇ كىتابتىن بىراقلا 20 پارچە سېتىۋېلىپ ئەتراپىمدىكى كىشىلەرگە سوۋغا قىلدىم. ئۇنىڭ ۋەقەلىكى ئوقۇغان كىشىگە خۇددى شىپا بەخش مەجۇنىدەك كارامەت تەسىر قىلىدۇ، بۇ دەۋردىكى ئەڭ ئۇلۇغ كىتابلارنىڭ بىرى.
— كوكاكولا شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن لىدىرى: موررون. دېمىت

# ئاپتورنىڭ كىرىش سۆزى

## ئۆگىنىش دەۋرى

«دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ مال ساتقۇچى» دېگەن كىتابىم نەشر-دىن چىققاندىن كېيىن، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئوقۇر-مەنلەر كېيىنكى ئەسەرلىرىمگە نىسبەتەن تېخىمۇ زور ئۈمىدلەردە بولۇشتى. بىراق، ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا، «دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ مال ساتقۇچى» ئون نەچچە يىللىق ئىجادىيەت ۋە تونۇشۇمنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. شۇڭا، ئۆزۈمنى قايتا نامايان قىلماي، پۇرسەت كۈتۈشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.

شۇ كۈنلەردە دۇنيادا ئىنقىلاب خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ نەزىرى باشقۇرۇش، رەھبەر-لىك ۋە تەشكىللەشكە چۈشتى. 21 ـ ئەسىردىكى سودا سانائەت ساھەسىدىكى مۇھىم مەسىلە كۆپلىگەن مال ساتقۇچىلارنى تەربىيە-لەپ چىقىش بولماستىن، بەلكى قانداق قىلىپ بىر مۇنەۋۋەر كول-لېكتىپنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش بولۇپ قالدى. بىر كارخانىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، باشقۇرغۇچى خادىمنىڭ نەزەر دائىرىسى بارغان-چە مۇھىم رول ئوينىماقتا.

كىم دۇنيا بويىچە ئەڭ ئۇلۇغ رەھبەر؟

كىم بىزنىڭ تېخىمۇ يىراق مەنزىلگە يېتىشىمىزگە رەھبەرلىك

قىلالايدۇ؟

بۇ كىتاب سىزنى ئىلمىي نەزەرىيىلەر بىلەن تەمىن ئەتمەيدۇ. پۈتۈن كىتابتا يېزىلغىنى پەقەت ئىلھام بەخش ئەتكۈسى مەسىلىلەر بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن قانۇنىيەتلەر پەقەت سودا ـ سانائەتنى باشقۇرۇشتا ئىشلىتىش بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. ئۇ پۈتكۈل ئىنساندىيەتكە باب كېلىدۇ. چۈنكى، بىز تۇرمۇشتا چۈشىنىشكە ۋە ھەمكارلىققا موھتاج.

ئوگ. ماندىنو

# مۇندەرىجە


مۇقەددىمە ........................................ 1

پېشانەمگە پۇتۇلگەن بىر سائەتلىك دەرس.................... 1

بىرىنچى كۈنى ........................................ 17

ئىككىنچى كۈنى ........................................ 53

ئۈچىنچى كۈنى ........................................ 83

تۆتىنچى كۈنى ........................................ 107

بەشىنچى كۈنى ........................................ 147

ئالتىنچى كۈنى ........................................ 173

يەتتىنچى كۈنى ........................................ 200

خاتىمە ........................................ 217

# مۇقەددىمە

## پېشانەمگە پۈتۈلگەن بىر سائەتلىك دەرس

مېنىڭ قائىدە - پرىنسىپلىرىم ئۆزلۈكىدىن بارلىققا كەلگەن ئەمەس، ئەمەلىيەتتە ئۇ سوقراتنىڭ پەلسەپە قائىدىلىرى، خوسىتېر فىيېلدنىڭ ئەخلاق تەلىماتى ۋە قىددىس ئەيسانىڭ يۈكسەك ھەقىقەتلىرىدىن كەلگەن. ئەگەر بۇ ھەقىقەتلەرنىڭ ئانچە مۇكەممەل ئەمەسلىكىنى ھېس قىلسىڭىز، يەنە قانداق باشقا ھەقىقەتلەرنىڭ بارلىقىنى بىلەمسىز؟

— دالى كارنېگ

ھازىر ئەسلىسەم، ئەينى ۋاقىتتا ھەقىقەتەن ھېچكىم مېنى مەجبۇرلىمىغان بولۇپ، موناستىرغا رەھبەرلىك تۇغرىسىدىكى دەرسنى ئاڭلاشقا ئۆزۈم بارغانىدىم.

جاھاننىڭ ئىشلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلماق تەس، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

سۆزلەپ كەلسەم، مەن چوڭ بىر ماشىنىسازلىق زاۋۇتىنىڭ باش دىرېكتورى بولۇپ، قولۇمدىكى ئومۇمنىڭ خىزمىتىنى قويۇپ قويۇپلا شىمالىي مىچىگان شتاتىدىكى بىر موناستىرغا بېرىپ، تويتوغرا بىر ھەپتە دەرس ئاڭلىدىم ھەمدە بىر توپ تالىپلار بىلەن بىللە كۈندە بەش قېتىم قەرەللىك ئىبادەت قىلىش، پەرۋەردىگارغا ھەمدۇسانا ئوقۇش، دۇئا - تىلاۋەت قىلىش ۋە دىنىي زىياپەتلەرگە قاتنىشىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن بەند بولۇپ، قانۇنىيەتلىك، غورىگۈل تۇرمۇش ئۆتكۈزدۇم.

دەرس يېڭى باشلانغاندا، ئەلۋەتتە ئىدىيىمدە قاتتىق توقۇنۇش يۈز بەردى.

ئەمما، دەرس ئاخىرلاشقاندا، ئەكسىچە كۆڭلۈم بىردىنلا يورۇپ كەتتى.

مەن تۇغۇلغاندىن بېرى، «سىمېئون» دېگەن ئىسىم كاللامدىن زادىلا نېرى كەتمىدى.

مەن تېخى بوۋاق ۋاقتىمدا لۇتېر چېركاۋىدا چوقۇندۇرۇلغاندىكەنمەن. شۇ چاغدا باستېر دەل «ئىنجىل» دىكى «لۇكې گوسئېلى» 2 ـ سۇرىسىنى ئوقۇۋاتقانىدى. بۇ سۇرىدە سىمېئون ئىسىملىك بىر ئادەم تىلغا ئېلىنغانىدى. «لۇكې فوسئېلى» دا قەيت قىلىنىشىچە سىمېئون «خۇدادىن قورقىدىغان مەرد بىر كىشى بولۇپ، مۇقەددەس روھ ئۇنىڭ بىلەن بىللە» ئىمىش. ئۇنىڭغا مۇقەددەس روھتىن ۋەھيي كېلىپ، ئۆزىنىڭ پانىي دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىشتىن بۇرۇن ئاللا ئەۋەتىشنى ۋەدە قىلغان مەسىھ (يەنى ئەيسا) بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقى خەۋەر قىلىنغانىكەن. نېمىلا بولمىسۇن، مەن بۇنداق كۆلكىلىك ئىشلارنى ئەزەلدىنلا چۈشەنمەيتتىم. بۇ مېنىڭ تۇنجى قېتىم (بىراق، ھەرگىز ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىم ئەمەس) سىمېئون بىلەن ئۇچرىشىشىم ئىدى.

مەن ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 8 ـ يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا، لۇتېر چېركاۋى ئۆتكۈزگەن قەسەم بېرىش مۇراسىمىغا قاتناشتىم. شۇ چاغدا مۇراسىمغا مەسئۇل باستېر ھەربىر قەسەم بەرگۈچىگە «ئىنجىل» دىكى بىر ئايەتنى ئوقۇپ بېرەتتى. نۆۋەت ماڭا كەلگەندە، ئۇ ئويلىمىغان يەردىن ماڭا يەنە «لۇكې» سۇرىسىدىكى سىمېئون توغرىسىدىكى بىر ئايەتنى ئوقۇپ بەردى! شۇنداقمۇ توغرا كېلىپ قالغان بارمۇ!

شۇنىڭدىن كېيىنكى 25 يىلدىن بېرى، بىر قورقۇنچلۇق چۈش ماڭا ئۇدا ئارام بەرمەي كەلدى. چۈشۈمدە قاپقاراڭغۇ كېچىدە قەبرىستانلىقتا ئېزىپ قالغۇدەكمەن. بىر يامان ئەرۋاھ مېنى ئۆل-



试读结束：需要全本请在线购买： www.ertongbook.com

تۇرمەكچى بولۇپ، كەينىمدىن توختىماي قوغلىغۇدەك! ئۇچىسىغا قارا نىمچە كىيگەن بىر قېرى ئادەم غايەت زور كرېستىنىڭ كەينىدىن چىقىپ، ئالدىمغا كېلىۋاتقۇدەك. مەن ئۇنىڭغا سوقۇلۇپ كېتەي دېگەندە، ئۇ مېنىڭ مۈرەمدىن چىڭ تۇتۇپ، كۆزلىرىمگە تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ: «سىمېئوننى ئىزدە! سىمېئوننى تېپىپ ئۇنىڭ تەلىمىنى ئال! » دەپ ۋارقىرىغۇدەك. ھەر قېتىم مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ھەمىشە قورقىنىمدىن پۈتۈن بەدىنىم سوغۇق تەرگە چۆمۈلۈپ، چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىمەن.

سۆزلىسەم غەلىتە، مېنىڭ توي مەرىكەمدىمۇ، باستېر بەختىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە پۈتۈنلەي ئىنجىلنىڭ «سىمېئون» توغرىسىدىكى سۈرە ـ ئايەتلىرىنى ئوقۇپ بەردى. مەن بۇنىڭغا ناھايىتى ھەيران قېلىپ، قەسەم سۆزۈمنى خاتا ئوقۇپ قويغىلى تاسلا قالدىم، بۇ ھەقىقەتەن ئاجايىپ ئىش ـ تە!

1999 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە سىرتتىكى بارلىق ئىشلاردا تولۇق غەلىبە قازاندىم. تۇرمۇشۇم ناھايىتى كۆڭۈللۈك بولۇپ، قۇسۇر تاپقىلى بولمايتتى.

شۇ چاغلاردا مەن پۈتۈن دۇنياغا تونۇلغان بىر ئەينەك زاۋۇتىنىڭ باش دىرېكتورى ئىدىم. قول ئاستىمدا 500 دىن ئارتۇق ئىشچى ـ خىزمەتچى بولۇپ، زاۋۇتنىڭ يىللىق تىجارەت سوممىسى 100 مىليون دوللاردىن ئاشاتتى. مەن يەنە بۇ شىركەتنىڭ تارىخىدىكى ئەڭ ياش باش دىرېكتورى ئىدىم. مەن پەقەت مۇشۇ ئىش بىلەنلا ھەر ۋاقىت ئۆزۈمدىن پەخىرلەنسەم بولاتتى! ئۇنىڭ ئۈستىگە شىركەت ماڭا تولۇق ھوقۇق بەرگەن بولغاچقا، ئارمانغا چۈشلۇق دەرمانىمۇ بار ئىدى. ئىش ھەققىم ناھايىتى يۇقىرى بولغاندىن سىرت، يەنە كۆپ پايدا ئالاتتىم. ئىشلىرىمنىڭ تەرەققىياتى يۇقىرى پەللىگە يەتكەنىدى.

ئائىلەم توغرۇلۇق سۆزلىسەم، ئامراق ئايالىم مارى بىلەن

توي قىلغىنىمغا 18 يىل بولغان بولۇپ، بىز ئىندىئانا شتاتىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ۋاپارىس ئۇنىۋېرسىتېتىدا تونۇشقانىدۇق. مەن ئۇ مەكتەپتە سودا كەسپىدە ئوقۇپ ماگىستىرلىق ئۇنۋانى ئالدىم، مارى بولسا، پسىخولوگىيە كەسپىدىن ماگىستىرلىق ئۇنۋانى ئالدى. تويدىن كېيىن مەن تېزرەك دادا بولۇشقا تەقەززا بولغان بولساممۇ، بالا يۈزى كۆرۈشكە نائىل بولالمىدىم. ئەينى چاغدا ئەر - ئايال ئىككىمىز ئۆزىمىز ئاڭلىغان ئوكۇل - دورىلارنىڭ ھەممىسىنى ئىشلىتىپ كۆردۇق، ھەتتا گورمون دورىلىرىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك سىناق قىلىپ يەپ كۆردۇق، شەرقنىڭ يىڭنە سانجىش ۋە داغلاپ داۋالاش ئۇسۇللىرىنىمۇ كۆپ سىناق قىلدۇق، ئەمما ھېچقانداق ئۈنۈمى بولمىدى. گەرچە كۆپ قېتىملىق سىناقلىرىمىزنىڭ ھەممىسى مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، مارى پەرزەنتلىك بولۇش ئارزۇسىدىن ۋاز كەچمىدى. جىمجىت كېچىلەردە، مەن دائىم چۈشۈمدىن ئويغىنىپ، يېنىمدىكى مارىنىڭ پەرزەنت كۆرۈش توغرۇلۇق تەڭرىگە قىلغان ئىلتىجاسىنى ئاڭلايتتىم.

بىز ئاتا - ئانا بولۇش ئارزۇيىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، سان - ساناقسىز سىناقلارنى ۋە دەرد - ئەلەملەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئاخىرى ئوڭۇشلۇق ھالدا بىر ئوغۇل بوۋاق بېقىۋالدۇق. بىز ئۇنىڭغا يوھان (مېنىڭ ئىسمىم بىلەن ئوخشاش) دەپ ئىسىم قويدۇق. ئۇ بىزنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان «روھىي بايلىق»ىمىز بولۇپ قالدى. كېيىن بىز يوھاننى بېقىۋېلىپ ئىككى يىلدىن كېيىن، مارى ھامىلىدار بولۇپ، بىزنىڭ ئىككىنچى «روھىي بايلىق»ىمىز — سارانى تۇغدى.

يىللار ئۇچقاندەك تېز ئۆتۈپ كەتتى. ھازىر كىچىك يوھان 14 ياشقا كىرىپ، ئەمدىلا 9 - يىللىققا چىقتى. سارا بولسا 7 - يىللىقتا ئوقۇۋاتىدۇ. بىز كىچىك يوھاننى بېقىۋالغان بىرىنچى كۈنىدىن باشلاپ، مارى ئۆزىنىڭ كېسەل كۆرۈش قېتىم سانىنى ھەر ھەپتىسىگە بىر كۈندىن قىلىپ ئۆزگەرتتى. چۈنكى، بىز

ئۇنىڭ كۆڭۈل قويۇپ ئائىلە ئايالى بولۇشنى بىردىنبىر ۋەزىپە قىلىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلغانىدۇق. بىر ھەپتىدە بىر كۈن كېسەل كۆرگەندە، ئانىلىق بۇرچىنى ئۆتەش مەجبۇرىيىتىدىن ۋاقىتىنچە بوشىنىپ، ئازراق ئارام ئېلىۋالالايتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ ئۇنىڭ كەسپىي ئىقتىدارىنىڭ ئارقىغا چېكىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا پايدىلىق ئىدى، گەرچە مۇشۇنداق قىلغان بولساقمۇ، بىزنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىمىزدا ھەر ھالدا ئانچە كۆپ قىيىنچىلىق يۈز بەرمىدى.

ئۆيىمىز ئايروۋي كۆلىنىڭ غەربىي شىمالىدا بولۇپ، دېتىرىينىڭ جەنۇب تەرىپىگە 30 چاقىرىم كېلىدۇ. ئۆيىمىز ئىنتايىن چىرايلىق بولۇپ، ئۆيىمىزنىڭ كەينىدىكى پىرىستاندا 30 فۇد ئۇزۇنلۇقتىكى، كەينىگە سۇ تېيىلىش تاختىسى ئورنىتىلغان بىر ساياھەت كېمىسى باغلاقلىق تۇرىدۇ. ماشىنا ئىسكىلاتىدا يېڭى تېپتىكى ئىككى ماشىنىمىز بار. ھەر يىلى ئاز دېگەندىمۇ ئىككى قېتىم پۈتۈن ئائىلە بويىچە ساياھەتكە چىقىمىز. بىر جۈپ ئەزىز پەرزەنتىمىزنىڭ كەلگۈسىدىكى تەربىيىلىنىش ۋە ئەر ـ ئايال ئىككىمىزنىڭ پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىنكى خىراجىتى ئۈچۈن بانكىغا قەرەللىك ئامانەت قويغان پۇلىمىزمۇ بار.

دېمەك، يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمدەك، سىرتتىكى بارلىق ئىشلاردا تولۇق غەلىبە قازاندىم. تۇرمۇشۇم ناھايىتى كۆڭۈللۈك بولۇپ، قۇسۇر تاپقىلى بولمايتتى.

ئەمما، ئىشلار ھەمىشە كۆڭۈلدىكىدەك بولىۋەرمەيدۇ ئەلۋەتتە. ئەمەلىيەتتە تۇرمۇشۇمدا كۆڭۈلسىز ئىشلار يۈز بېرىشكە باشلىدى. ئالدىنقى ئايدا مارى ماڭا ئۆزىنىڭ خېلىدىن بېرى تۇرمۇشتىن كۆڭلى سۇ ئىچمەيۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، مېنىڭ چوقۇم بىر ئامال قىلىپ، ئىككىمىزنىڭ ئەر ـ ئاياللىق تۇرمۇشىمىزنى ياخشىلىشىمنى قەتئىي تەلەپ قىلدى. ئۇ يەنە تېخى ماڭا بىز توي قىلغاندىن بېرى، ئۆز «ئېھتىياج»ىنىڭ ھېچقانداق قاندۇرۇلۇپ

باقمىغانلىقىنى ئېيتتى. قىسقىسى، ئاڭلىغانلىرىمنىڭ ھېچقايسى-سىغا ئىشىنىشكە جۈرئەت قىلالمىدىم. مەن ئىزچىل تۇردە پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ئۇنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشۇم، بارلىق ئاياللار بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك نەرسىلەردىن ئۇمۇ مۇستەسنا ئەمەس دەپ قارايتتىم. ئەمما، ئۇنىڭ ماڭا ئېيتىشىچە، مەن تا ھازىرغىچە ئۇنىڭ ئېھتىياجىنى زادىلا قاندۇرۇپ باقماپتىمەن. ئۇ زادى مېنى نېمە قىل، دەيدىكىنە؟

بۇنىڭدىن باشقا مېنىڭ بالىلىرىم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىممۇ دېگەندەك ياخشى بولۇپ كېتەلمىدى. يوھان دائىم ئۆيدە غوۋغا كۆتۈرىدىغان بولۇۋالدى. ئۈچ ھەپتە ئىلگىرى ئۇ ئويلىمىغان يەر-دىن مارىنى «جالاپ» دەپ تىللىدى! ئاچچىقىمغا پايلىماي ئۇنى ئۇرۇۋەتكىلى تاس قالدىم ھەم ئۇنى جازالاپ بىر ھەپتە سولاپ قويدۇم. كىچىك يوھاننىڭ نەزىرىدە چوڭلارنى ھۆرمەتلەش ۋە ئۇلارغا ئەدەپلىك مۇئامىلە قىلىش مەنىسىز بىر ئىش ئىمىش، ھەتتا ئۇ سول قۇلىقىنى تېشىۋالغانىدى. مارىنىڭ يۈزىنى قىلمىغان بولسام، ئاللىقاچان ئۇنى ئۆيدىن تېپىپ چىقىرىۋەتكەن بولاتتىم! ئاتا - بالىلىق مۇناسىۋىتىمىز ئىنتايىن ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەقەت، ئاندا - ساندا تىل - ئاھانەت قىلىش ۋە باش لىڭشىتىپ سالاملىشىپ قويۇشتىن باشقا ئىش قالمىدى.

سارا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىممۇ بارغانچە يىرىكلىشىۋاتىدۇ. مەن تېخى ئۇنى سەبىي، رومانتىك، ئوماق قىز دەپ كۆيۈنەتتىم. ئەمما، ئۇمۇ مەندىن يىراقلاشقاندەك تۇرىدۇ. پات - پاتلا سەۋەبسىز باتنايدىغان بولۇۋالدى. مارى دائىم ماڭا سارا بىلەن ياخشىراق سۆھبەتلىشىشىم كېرەكلىكى توغرۇلۇق نەسىھەت قىلىدۇ. ئەمما، مەن ۋاقىت چىقىرالمايۋاتىمەن ياكى ئېنىقراقىنى ئېيتقاندا، مەن روھىمنى ئۇرغۇتۇشقا ئامالسىز قالدىم.

ھەتتا، ئۆزۈم ئەڭ پەخىرلىنىدىغان ئىشلىرىمدىمۇ مەسىلە

كۆرۈلۈشكە باشلىدى. زاۋۇتتىكى ئىشچىلار ئويلىمىغان يەردىن سايلام ئارقىلىق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىللىمەكچى بولۇشتى. شۇ چاغدا كۆپچىلىكنىڭ كەيپىياتى ئىنتايىن كەسكىن بولدى. بەختكە يارىشا، كاپىتال تەرەپ بولغان بىز 50 ئاۋاز بىلەن تەسلىكتە غەلىبىگە ئېرىشىپ، بۇ ئىشنى ئوڭۇشلۇق هالدا بېسىقتۇرۇۋالدۇق. گەرچە مەن بۇنىڭدىن (بۇ غەلىبىدىن) كۆرەڭلەپ كەتكەن بولسامۇ، خوجايىن بۇنىڭغا ئازراقمۇ رازى بولمىدى. ئۇنىڭچە بۇ قېتىمقى سايلام هەرىكىتى ئەسلىدە يۈز بەرمەسلىكى كېرەك ئىكەن. بۇ ئىشنىڭ يۈز بېرىشىدىكى سەۋەب چوقۇم باشقۇرۇشتىكى مەسىلە بولۇپ، بۇ پۈتۈنلەي مېنىڭ سەۋەنلىكىمدىن بولغان ئىش ئىكەن. مەن ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلالمايتتىم. ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، بۇ پەقەت بىر ئوچۇم تەييارغا هەييار ئىشچىلارنى قۇترىتىپ پەيدا قىلغان ئاۋارىچىلىكلەر بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن مېنىڭ هېچقانداق مۇناسىۋىتىم يوق ئىدى! ۋەهالەنكى، شىركەتنىڭ ئادەم كۈچى ۋە مەبلەغكە مەسئۇل دىرېكتورى، هەتتا مېنىڭ رەهبەرلىك ئۇسۇلۇمدا مەسىلە بارلىقىنى كېسىپ ئېيتتى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئاچچىقىم كېلىپ قۇيقا چېچىم تىك تۇردى! بىزنىڭ بۇ دىرېكتورىمىز بولسا پەقەت هەممىگە ياخشىچاق لىبېرالىست بولۇپ، هەمىشە دېگەندەك تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزدەپ يۈرىدىغان غايىسى توغرىسىدىلا سۆزلەپ يۈرىدىغان بىر ئايال ئىدى. ئۇ مۇشۇ هالى بىلەن چولۋ شىركىتىنى باشقۇرۇشنى قانچىلىك بىلسۇن دەيسىز! ئۇ پەقەت قۇرۇق نەزەرىيە سۆزلەشنىلا بىلىدۇ. ئەمما، مەن ئەمەلىيەتكە ئاساسەن ئىش قىلىمەن!

هەتتا، مەن خالىسانە ترېنېرلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستۈمگە ئالغان مەھەللە بالىلار كالتەك توپ كوماندىسىدىكىلەر مەن ترېنېر بولۇپ ئالتە يىل ئۆتۈپ، هالا بۇ كۈنگە كەلگەندە مېنىڭدىن نارازى بولۇپ يۈرۈپتۇ! بىزنىڭ بۇ توپ كوماندىمىز ئۆزلىرى قاتناشقان مۇسابىقىلەرنىڭ هەممىسىدە دېگۈدەك يېڭىپ، يەرلىكتە ياخشى نام

چىقارغانىدى. كۆتۈلمىگەندە نۇرغۇن ئائىلە باشلىقلىرى توپ كو-
ماندىسىنىڭ مەسئۇلىغا ئۆز بالىلىرىنىڭ توپ ئۇرۇشقا ئازراقمۇ
رايى يوقلۇقىنى بىلدۈردى! توغرا، ترېنىرلىق قىلىشتا ئازراق
قاتتىق قوللۇق قىلغانلىقىمنى بىلىمەن، يېڭىش - يېڭىلىشكىمۇ
ناھايىتى ئېتىبار بىلەن قارايمەن، ئەمما بۇنىڭ نېمىسى خاتا؟
كوماندىدىكى ئىككى بالىنىڭ ئاتا - ئانىسى بالىلىرىنى باشقا كوماn-
دىغا يۆتكەپ كەتمەكچى بولۇپتۇدەك! بۇ مېنىڭ قەدىر - قىممىتىمە-
گە نىسبەتەن بېرىلگەن يەنە بىر قېتىملىق چوڭ زەربە ئەمەسمۇ؟
ئىش تېخى بۇنىڭ بىلەنلا تۈگىمىدى! مەن ئىلگىرى ئەركىن
يۈرىدىغان، غەم - ئەندىشىسىز، ھېچنېمىنى ئويلىمايدىغان بىر
ئادەم ئىدىم. ئەمما، ھازىر تۇيۇق يولغا كىرىپ قالدىم. گەرچە
يېمەك - ئىچمەك ۋە كىيىم - كېچەكتىن غەم قىلمىسامۇ،
كۆڭلۈمدە تىت - تىتلىق ۋە ئازاب - ئوقۇبەت ھۆكۈم سۈرمەكتە.
تۇرمۇشۇمدىكى بۇ ئىشلار مەندە پەقەت بىر قاتار زېرىكىشلىك
كەيپىيات پەيدا قىلدى. مەن ئىنتايىن تېرىككەك، ئەمما قورقۇنچاق
بولۇپ قالدىم. راستىنى ئېيتقاندا، مەن ھېچكىمنى ياراتمايدىغان،
ئۆزۈمنىمۇ ياقتۇرمايدىغان بولۇپ قالدىم.
ئەسلى گەپكە كەلسەك، مەن ئىززىتىمنى ساقلىماي، كىشى-
لەرگە ئۆز ھېسسىياتىمنى ئاشكارىلاپ قويغاچقا، پەقەت ئۆزۈمنى-
مۇ، باشقىلارنىمۇ ئالداپ ئۆتكۈزىدىغان كۈنلىرىمنى داۋاملاشتۇر-
دۇم. ئەمما، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى مارىدىن يوشۇرغىلى بول-
مىدى.
مارى ئۆزىنىڭ كۆڭۈلسىزلىكلىرىنى ۋاقتىنچە قايرىپ قو-
يۇپ، مېنى رايونىمىزدىكى بىر باستېرنىڭ ئالدىغا باشلاپ باردى.
مەن ئامالسىز ماقۇل بولغان بولسامۇ، ئەمما بۇ ئىشنى
ئەپلەپ - سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋەتمەكچى ئىدىم. مېنىڭ ئازراقمۇ تەقۋا-
دار ئەمەسلىكىمنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. مېنىڭچە، ئەلۋەتتە چېر-
كاۋنىڭ مۇھىم رولىغا كۆز يۇمغىلى بولمايدۇ، ئەمما ئەمەلىيەتتە،



试读结束：需要全本请在线购买： www.ertongbook.com